# ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سىجىل ياخشىلاندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، دۆلەت ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ساھەسىدىكى چەكلىمە خاراكتېرلىك كۆرسەتكۈچتىن جەمئىي توققۇزنى تەكشۈرۈپ باھالىدى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىز خىمىيەۋى ئېھتىياجلىق ئوكسىگېن مىقدارى، ئاممىياكلىق ئازوت، گۈڭگۈرت (Ⅳ) ئوكسىدى، ئازوت ئوكسىدىدىن ئىبارەت ئاساسلىق بۇلغىمىلارنىڭ مىقدارىنى ئازايتىش ۋە يەر ئۈستى سۈيىنىڭ سۇ سۈپىتىنى Ⅲ تۈردىكى سۇ نىسبىتىگە يەتكۈزۈش ياكى ئۇنىڭدىن ياخشىلاش، ناچار Ⅴ تۈردىكى سۇ نىسبىتىنى ياخشىلاش قاتارلىق ئالتە تۈرلۈك كۆرسەتكۈچنى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملىدى.

2020 ـ يىلى بۇ ئالتە تۈرلۈك كۆرسەتكۈچ سىجىل ياخشىلىنىشقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. ھېسابلىنىشچە، 2019 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا بىرلىك GDPنىڭ كاربون (Ⅳ) ئوكسىدى قويۇپ بېرىش مىقدارىنىڭ تۆۋەنلەش نىسبىتى 2015 ـ يىلدىكىدىن 11.12% تۆۋەنلەپ، 2020 ـ يىلى 12% تۆۋەنلىتىش نىشان تەلىپىگە يېقىنلاشقان، مۆلچەرلىنىشچە، بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا تاماملىنىشتىن ئۈمىد بار ئىكەن.

بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لىك ھۆكۈمەت (مەمۇرىي مەھكىمە) جايلاشقان 14 شەھەرنىڭ ھاۋا سۈپىتىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك كۈن سانى نىسبىتى 75.5% (2018 ـ يىلى، 2019 ـ يىلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 69.0%، 71.4% بولغان) بولۇپ، 2020 ـ يىلى 75.7%تە تىزگىنلەش نىشانىغا يېتىشكە يەنە 0.2 پىرسەنت پوئىنت كەم قالغان. «ئەڭ ئاخىرىدا دۆلەتنىڭ تەلىپىگە يەتكىلى بولامدۇ ـ يوق، بۇ يىل قىشقا قارايمىز. بىز بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازدا ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتتىكى تۈرلۈك چەكلىمە خاراكتېرلىك كۆرسەتكۈچلەرنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز» دېدى دەي ۋۇجۇن.

سۇ بۇلغىمىلىرى قويۇپ بېرىشنى ئومۇميۈزلۈك تىزگىنلەپ، سۇنىڭ ئېكولوگىيە مۇھىت بىخەتەرلىكىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بەش يىل ئىچىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدا يۈندىنى مەركەزلىك بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھە قۇرۇلۇشى شارائىتىنى ھازىرلىغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى سانائەت توپلاشقان 84 رايوننىڭ ھەممىسىدە يۈندىنى مەركەزلىك بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەلىرى قۇرۇلدى ھەم ئاپتوماتىك توردا نازارەت قىلىش ـ تىزگىنلەش قۇرۇلمىسى ئورنىتىلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى شەھەر ـ بازار تۇرمۇش يۈندىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىنىڭ تولۇق قاپلىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

## ئېكولوگىيەنى قوغداش سالمىقى سىجىل زورايدى

ئىلگىرى بۇ يەر قۇم ـ بوران مەنبەسى ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، قۇم ـ بوران مەنبەسى ئېكولوگىيەلىك توسۇق، بوستانلىق باغقا ئايلاندى، 30 نەچچە يىل قەتئىي بوشاشماي كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش ئارقىلىق، كۆكيار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى چۆللىشىشنى تىزگىنلەشتىكى ئۈلگىگە ئايلاندى.

پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدىكى كەڭ كۆلەمدە دۆلەت زېمىنىنى كۆكەرتىش ھەرىكىتى قۇملۇقنى بوستانلىقنىڭ سىرتىدا قەتئىي توسۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يېشىللىق كۆلىمنى ئاز ـ ئازدىن كېڭەيتمەكتە. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ ئۈچ شىمال ئىھاتە ئورمىنى، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش، قۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، قۇمنى تىزگىنلەش قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا تايىنىپ، جەمئىي 11 مىليون 130 مىڭ مو ئورمان بىنا قىلىپ، قۇملاشقان 24 مىليون 660 مىڭ مو يەرنى تىزگىنلەشنى تاماملىدى، 60 مىليون مو سۇلۇق يەر ئۈنۈملۈك قوغدالدى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

نۆۋەتتە، شىنجاڭدا ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك تەبىئىي مۇھاپىزەت ئورنىدىن 221ى بار بولۇپ، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى، داڭلىق مەنزىرە رايونى، ئورمان باغچىسى، سۇلۇق يەر باغچىسى، گېئولوگىيە باغچىسى، سۇ مەھسۇلاتلىرى ئۇرۇق پىلازمىسى بايلىقىنى قوغداش رايونى قاتارلىق يەتتە خىل تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 240 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بۇ ئىچكىرى رايونلاردىكى نۇرغۇن ئۆلكىنىڭ كۆلىمىدىنمۇ چوڭ.

يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنىڭ چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەنت تازىلىقى ھەرىكىتىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 100%كە يېتىپ، 9180 مەمۇرىي كەنتنىڭ كەنت قىياپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە سۇ بىلەن تازىلىنىدىغان تەرەت تۈگى ئىشلىتىلدى، تۇرمۇش ئەخلەتلىرى قالايمىقان تاشلانمايدىغان، تۇرمۇش يۈندىسى تەرەپ ـ تەرەپكە ئاقمايدىغان بولدى.

چېگرادىكى بوستانلىق ئىلىدىن چۆچەكلەردىكىدەك چېگرا شەھەر بۇرچىنغىچە، دۆلەت ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش شەھەر ـ ناھىيەلىرى ۋە «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» دېگەننى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش يېڭىلىق يارىتىش بازىلىرى تىزىملىكىدە، شىنجاڭدىن ئالتە ناھىيە تىزىملىككە كىرىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى يۇقىرى سەۋىيەدە قوغداش ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قەتئىي تۈردە يېشىل تەرەققىيات يولىدا مېڭىشقا يېتەكلىدى.

تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق بىر گەۋدىلەشكەن ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قوغداش بىرتۇتاش پىلانلىنىپ، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك گۈزەل مەنزىرىسىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلدى.

## قائىدە ـ تۈزۈم ئورنىتىلىپ سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغلار قوغدالدى

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقى، يېشىل تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى بەرپا قىلىشتا قائىدە ـ تۈزۈم ئورنىتىش مۇھىم.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز «ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىت قوغداش نىزامى» «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش نىزامى» «ئاپتونوم رايوننىڭ خەتەرلىك تاشلاندۇقلارنىڭ مۇھىتنى بۇلغىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش چارىسى» «ئاپتونوم رايوننىڭ رادىياتسىيە بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش چارىسى» قاتارلىق يەرلىك نىزام ۋە ھۆكۈمەت قائىدىلىرىنى ئېلان قىلدى ياكى ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزدى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنى بىرتۇتاش پىلانلاش، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش توغرىسىدىكى بىر قاتار قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى تۈزدى، چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەش سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇھىت تەسىرىنى باھالاش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە نازارەت قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت «ئىككى ئىجابىي تىزىملىك»نى يولغا قويۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ساھەسىدىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تۈزەش ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈردى.

شۇنداق بولۇپلا قالماي، ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تۈزۈم سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدا، بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، قىزىل چەك، تۆۋەن چەك تەلپىنى ئاخىرغىچە ئىزچىللاشتۇردى.

بۇلغىما چىقىرىش ئىجازىتى تۈزۈمىنى يادرو قىلغان «بىر كىنىشكا شەكلى»دىكى مۇھىت باشقۇرۇش سىستېمىسى تېز ئالغا سىلجىتىلدى. 2017 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، 33 نۇقتىلىق ساھەگە بۇلغىما چىقىرىش ئىجازەتنامىسىنى تەكشۈرۈپ تارقىتىش تاماملاندى. 2020 ـ يىلى، «بىر ساھەگە تەكشۈرۈپ تارقىتىش، بىر ساھەنى تەرتىپكە سېلىش، بىر ساھەنى قېلىپلاشتۇرۇش، بىر ساھەنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش» تەلىپى بويىچە، كىنىشكا تارقىتىلغان 33 ساھەنىڭ مۇقىم بۇلغىما مەنبەسىدىن بۇلغىما چىقىرىش ئىجازىتىنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش ۋە 2020 ـ يىلى 91 ساھەگە مۇقىم بۇلغىما مەنبەسىدىن بۇلغىما چىقىرىش ئىجازەتنامىسى بېرىپ تىزىملاش تېز ئالغا سىلجىتىلىپ، مۇقىم بۇلغىما مەنبەسىدىن بۇلغىما چىقىرىش ئىجازىتىنىڭ تولۇق قاپلىشى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملاندى.

مۇھىت تەسىرىنى باھالاش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە نازارەت قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت «ئىككى ئىجابىي تىزىملىك» يولغا قويۇلدى. مۇھىت تەسىرىنى باھالاش بويىچە كەچۈرۈم قىلىش، باشقۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئون چوڭ تۈر، 30 كىچىك تۈردىكى ساھە تۈرگە قارىتا، مۇھىت تەسىرىنى تىزىملاش جەدۋىلى قايتا تولدۇرۇلمايدىغان بولدى. مۇھىت تەسىرىنى باھالاش بويىچە خەۋەرلەندۈرۈش ـ ۋەدە بېرىش تۈزۈمىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن 17 چوڭ تۈر، 44 كىچىك تۈردىكى ساھە تۈرگە قارىتا، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تارماقلىرى ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، باھالاش، تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزمەي، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنى تاماملاش توغرىسىدا بىۋاسىتە قارار چىقارسا بولىدىغان بولدى، ئىش داۋامىدا، ئىشتىن كېيىن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئارقىلىق، مۇھىت قوغداش تەلىپىنىڭ تۆۋەنلىمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش قانۇن ئىجراسى ساھەسىدە «ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش» تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، توردا نازارەت قىلىش ـ تىزگىنلەش، بۇلغىما چىقىرىش ئىجازەتنامىسىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىلىپ، نەق مەيدانغا بارمايلا تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، ئىجابىي تىزىملىك تۈرگۈزۈش پائال ئالغا سىلجىتىلدى. ئامما ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا پائال قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇلدى، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى 11 ئېيىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سىستېمىلىرى تاپشۇرۇۋالغان ئەرزىيەت، پاش قىلىش بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 14.8% تۆۋەنلىدى.

ئېكولوگىيەلىك مۇھىت زىيىنى تۆلەم تۈزۈمى تېز ئورنىتىلدى، «13 ـ بەش يىل»نىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز مەسئۇلىيىتى ئېنىق، يولى راۋان، تېخنىكىسى قېلىپلاشقان، كاپالىتى كۈچلۈك، تۆلىمى جايىدا بولغان، ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ئۈنۈملۈك بولغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىت زىيىنى تۆلەم تۈزۈمىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلدى.

ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تۈزۈم سىستېمىسىدىكى «ئاساسىي قۇرۇلما» ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى بەرپا قىلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلماقتا.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئوخشاش بولمىغان سۈپەتتىكى بۇغداينىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ سېتىۋېلىش يەككە باھاسى 0.1 يۈەندىن 0.5 يۈەنگىچە ئۆستۈرۈلدى. قىسمەن رايونلاردا چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنىڭ تۈرتكە بولۇپ ئىلگىرى سۈرۈشى نەتىجىسىدە، دانلىق كۆممىقوناقنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ سېتىلىش باھاسى 0.5 يۈەندىن 0.7 يۈەنگىچە ئۆستۈرۈلدى، نۇرغۇن دېھقان ئائىلىسى كۈزگى بۇغداي + ئېگىزغا سىلوس قونىقى تېرىش ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، مو بېشى كىرىمنى 1000 يۈەندىن ئاشۇردى، بۇ، ئىلگىرىكى يىللارنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن خېلىلا يۇقىرى بولۇپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا تارماقلىرى پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى ئەۋزەل ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىغا مەركەزلىشىشكە پائال يېتەكلەپ، 2 مىليون موغا يېقىن كېۋەز تېرىشقا قىسمەن باب كېلىدىغان رايون ۋە خەۋپ ـ خەتىرى بار كېۋەز رايونلىرىنى كېۋەز تېرىشتىن چېكىندۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا مېۋە بىلەن كېۋەزنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش كۆلىمىنى يەنىمۇ ئازايتىپ، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى كۆلەملەشتۈرۈش، تۇجۇپلەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى، مۆلچەرلىنىشچە، پاختىنىڭ بىرلىك ھوسۇلىدا ئېشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلۈپ، ھەر مو يەردىن ئېلىنىدىغان ھوسۇل بۇلتۇرقىدىن 4.3 كىلوگرام ئېشىپ، 123 كىلوگرام (ساپ پاختا)غا يېتىدىكەن.

ئاپتونوم رايونىمىز يەنە قىشلىق كۆكتات تېرىش ۋە ساقلاش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىك كۆكتات بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەش سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى. يېزىلارنى كۆكتات بىلەن تەمىنلەشنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، قىش پەسلىدە سىرتتىن كۆكتات يۆتكەپ كەلمەسلىكنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرغان ئەھۋالدا، شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ كۆكتات ئىستېمال مىقدارىغا كاپالەتلىك قىلىش سەۋىيەسى 30 كۈندىن 60 كۈنگە ئۆستۈرۈلدى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا قىشلىق كۆكتاتنى ئېگىزغا تېرىش كۆلىمى جەمئىي 824 مىڭ موغا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 145 مىڭ مو كۆپىيىپ، ئېشىش نىسبىتى 21.9% بولدى، مۆلچەرلىنىشچە، ھوسۇلى 1 مىليون 887 مىڭ توننىغا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 17.9% ئاشىدىكەن.

ھېسابلاشقا ئاساسلانغاندا، ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئىشقا ئېشىشىنىڭ پايدىسىدا، بۇ يىل ئاشلىق، پاختا كىرىمىنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى يەنىمۇ ئېشىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل مۇقىم ئاشۇرۇش ئاساسىنى پۇختىلاشنى مۇھىم تىرەك بىلەن تەمىنلىگەن.

---

(بېشى 2 ـ بەتتە)

ئەگەر، رايون ئىستراتېگىيەسى نەزەرنى ئىچكى قىسمىغا قارىتىش دېيىلسە، ئۇنداقتا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش مەۋقەنى دۆلەت ئىچىگە قويۇپ، پۈتۈن يەر شارىغا نەزەر تاشلاش دېگەنلىكتۇر.

2017 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 16 ـ قېتىملىق يىغىن ئېچىپ، دىققەتنى مەبلەغ سېلىش ۋە بازار مۇھىتىنى ياخشىلاش، سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشكە مەركەزلەشتۈردى.

«مەبلەغ سېلىش ۋە بازار مۇھىتىنى ياخشىلاپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدەمىنى تېزلىتىپ، بازارنىڭ يۈرۈشۈش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، مۇقىم، باراۋەر، ئوچۇق، مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى يارىتىپ، ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بۇ مۇھىم سۆزى دۆلىتىمىزنىڭ ئېچىۋېتىشنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئىرادىسىنى جاكارلىدى.

جەمئىي 138 دۆلەت ۋە 31 خەلقئارا تەشكىلات بىلەن 201 پارچە «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىق ھۆججىتى ئىمزالاندى، 21 ئەركىن سودا سىناق رايونى تەسىس قىلىندى، 3 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. «رايون ئومۇميۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمى» (RCEP)غا پائال تۈرتكە بولۇندى ۋە ئىمزالاندى. بەش يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە قاراپ ئىلگىرىلىدى، ئوچۇق ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىش تېزلىتىلدى.

دۆلەت ئىچى بىلەن خەلقئارانى يۇغۇرغاندا، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا ئاندىن ئۈزلۈكسىز يېڭى بوشلۇق ئاچقىلى بولىدۇ.

ئىقتىسادنىڭ زامانىۋىلىشىشى كەسىپ زەنجىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 5 ـ قېتىملىق يىغىنىدا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئىستراتېگىيەلىك ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك كەسىپ زەنجىرى بەرپا قىلىپ، «مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش، ئۆستۈرۈش، راۋانلاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت سەككىز خەتلىك فاڭجېننى چۆرىدەپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن ئېقىندىكى كارخانىلارنىڭ كەسپلەرنى ماسلاشتۇرۇش ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى كۈچەيتىشنى قوللاپ، كەسىپ زەنجىرىنىڭ ئېلاستىكلىقىنى ئاشۇرۇپ، كەسىپ زەنجىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىش داۋامىدا تېخىمۇ كۈچلۈك يېڭىلىق يارىتىش كۈچىگە، تېخىمۇ يۇقىرى قوشۇلما قىممەتكە ئىگە كەسىپ زەنجىرى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا، «دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش» مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ سىرتنىڭ كەڭ كۆلەمدە دىققىتىنى تارتتى.

ئەمەلىيەتتە، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە قارىتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاللىبۇرۇن پىلان تۈزۈپ بولغانىدى.

2020 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 7 ـ قېتىملىق يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ «دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئىستراتېگىيەسىگە دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە» تېمىسىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، تۇنجى قېتىم يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش مۇھىم ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بەش ئايدىن كېيىن، 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئېچىلغان مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 8 ـ قېتىملىق يىغىنىدا، زامانىۋى ئوبوروت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى كۈچلۈك تىرەككە ئىگە قىلىش كېرەك دەپ تەكىتلەندى.

بەزى چەت ئەل تاراتقۇلىرى مۇنداق باھا بەردى: يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش جۇڭگونىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىشىدىكى مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك تاللىشى.

بەش يىلدىن بۇيان، مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى ئاچقان 13 قېتىملىق يىغىنغا ئومۇمىي جەھەتتىن نەزەر سالساق، تەتقىق قىلىپ تەدبىر تۈزۈلگەن نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇزاق مۇددەتلىك، ئىستراتېگىيەلىك زور ئىشلاردۇر.

سىياسەتنىڭ قىممەتلىك يېرى يۈرگۈزۈشتە، ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئەمەلىي ئىشلەشتە.

2017 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئېچىلغان مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 15 ـ قېتىملىق يىغىنىدا پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى ھەر قېتىملىق مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنلىرىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلارنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى ئەسلەپ ئۆتۈلدى، خۇلاسىلەندى.

بۇ يىل ئېچىلغان مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 8 ـ قېتىملىق يىغىنىنىڭ مۇھىم بىر قارالمىسى پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى يىغىنلىرىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش بولدى.

«ھازىر، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى مۇھىتى مۇرەككەپ، كەسكىن بولۇۋاتىدۇ، نۇرغۇن مەسىلىنى جەزمەن يىراق كەلگۈسى نۇقتىدىن، ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىكتىن پىلانلاش ۋە ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك».

«پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە بولغان مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇتۇشتىكى تەشەببۇسكارلىق ۋە ئاكتىپلىقنى ئاشۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلارنى تېخىمۇ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك».

...

بەش يىلدىن بۇيان، مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ھەر قېتىملىق يىغىنلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، تەتقىق قىلىپ تەھلىل قىلىدىغان، تەدبىر بەلگىلەپ ئورۇنلاشتۇرما قىلىدىغان، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىدىغان مۇكەممەل مېخانىزمنى شەكىللەندۈردى، جۇڭگو ئىقتىسادىنى پۇختا ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان تەرەققىيات قارىشى ۋە مېتودولوگىيە كۆنسېرى پىشىپ يېتىلدى.

تەرەققىيات يولىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولمايدۇ، پەقەت يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىلا بولىدۇ.

ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى پات يېقىندا باشلىنىدۇ. شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇندىن قورقماي، جاسارەت بىلەن بوران ـ چاپقۇنغا قارشى ئاتلانغاندىلا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو ئىقتىسادىدىن ئىبارەت غايەت زور پاراخوت جەزمەن دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلالايدۇ.

**(مۇخبىرلار خەن جيې، ليۇ خۇڭشيا، چې جۈڭشى، چېن ۋېيۋېي، جوۋيۈەن)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)